مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# ۋەن جىنگاڭ: بۇرچقا ئۆزىنى بېغىشلىغان سادىق قوغدىغۇچى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (لىيۇ شىن، ۋاڭ گۈيىن)** تيانشان ئېتىكىدىكى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى ئۈرۈمچى تارماق ئەترىتىدىكى مەلۇم ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ شەرەپ ئۆيىگە ئىنقىلابىي قۇربان ۋەن جىنگاڭنىڭ ھەيكىلى قويۇلغان ۋە ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى خاتىرىلەنگەن. ھەر يىلى يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ گازارمىغا كىرگەندىن كېيىنكى تۇنجى پائالىيىتى ۋەن جىنگاڭ شەرەپ ئۆيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش بولۇپ، ھەر كۈنى كەچلىك يوقلىمىدا ھامان بىرىنچى بولۇپ «ۋەن جىنگاڭ» دەپ چاقىرىلىدۇ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئەترەتتىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەر بىرلىكتە «بار» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئوتتۇرا ئەترەتتىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر بۇ ئەنئەنىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، «جىنگاڭ» روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، «جىنگاڭ» ۋارىسى بولۇشقا تىرىشماقتا.



ۋەن جىنگاڭنىڭ سۈرىتى (ماتېرىيال سۈرەت).

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

ۋەن جىنگاڭ، 1978 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇغۇلغان، شىنجاڭ بورتالادىن، 1995 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ھەربىي سەپكە كىرگەن. ئەينى يىلى، نۆۋەت بىلەن دەم ئېلىۋاتقان ۋەن جىنگاڭ ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ چارلاش رايونى ئەتراپىدا ئادەم توپلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلگەنلىكى، جېدەل چىقىش ئېھتىمالى بار دەپ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىنغان تېلېفوننى تاپشۇرۇۋالغان. ئۇ جىداۋيۈەننىڭ جەڭچىلەرنى باشلاپ كۆچىنى كۆچەيتمەكچى بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال «مەن ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى، ۋەزىپە بولسا مەن ئاۋۋال باراي» دەپ ئىپادە بىلدۈرۈپ، شۇ ھامان نەق مەيدانغا يېتىپ بېرىپ، تاقابىل تۇرۇش تەييارلىقىنى تېزلىك بىلەن ياخشى ئىشلىگەن.

جېدەل چىقارغۇچىلار بىلەن تىركىشىش جەريانىدا، بىر قىسىم كىشىلەر يولدىن ئۆتكەن ئاپتوموبىللارنى ئۇرۇپ چاققان. خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، ۋەن جىنگاڭ دەرھال جەڭچىلەرنى باشلاپ جېدەل چىقارغۇچىلارنى تارقاقلاشتۇرۇۋاتقاندا، خىش، تاشلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان.

مۇئاۋىن بەنجاڭ جياڭ شىڭۋېينىڭ تاياق زەربىسىدىن يىقىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ دەرھال ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، 2 ـ بەننىڭ بەنجاڭى لىيۇ جىڭخۇيغا تاپشۇرۇپ بەرگەن ھەم ئۈنلۈك ئاۋازدا: «سىلەر تېز چېكىنىڭلار!» دەپ ۋارقىرىغان. دەل شۇ چاغدا ۋەن جىنگاڭنىڭ بېشىغا تاش قاتتىق ئۇرۇلغان. يارىدەمگە كەلگەن قىسىم كىشىلەر توپىنى مەجبۇرىي تارقىتىۋېتىپ ئۇنى قۇتقۇزغىلى كەلگەندە، ۋەن جىنگاڭ يەرگە يىقىلىپ، بېشىدىن ئىسسىق قان ئېقىشقا باشلىغان، ئۇ دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرىلىپ جىددىي قۇتقۇزۇلغان، لېكىن يارىسى ئېغىر بولغاچقا قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

ۋەن جىنگاڭ دائىم: تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، مۇقىملىقنى قوغداش ۋەزىپىسى مۈشكۈل ۋە ئېغىر، بىز جەزمەن ھەر ۋاقىت بىرىنچى سەپكە ئاتلىنىپ، زەربىدارلىق بىلەن ئالدىدا مېڭىشقا تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك، دەيتتى. ئۇ مەيلى قايسى ئىش ئورنىدا بولسۇن، مەسئۇلىيىتى ـ بۇرچىنى باشتىن ـ ئاخىر ئەستە چىڭ ساقلىغان، قانۇنسىز ئۇنسۇرلارغا قارشى پاراسەت بىلەن باتۇرانە كۆرەش قىلىپ، ۋەزىپىنى قالتىس ئورۇنداپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق سادىق قوغدىغۇچىنىڭ جاراڭلىق قەسىمىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەن. ھەربىي سەپكە كىرگەندىن بۇيان، ئۇ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنى باشلاپ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا ياردەملىشىپ تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن ۋەقەدىن 308نى بىر تەرەپ قىلىپ، زەھەر ئەتكەسچىسى، بۇلاڭچى، يالغان پۇل ئېلىپ ـ ساتقۇچى قاتارلىق جىنايەت گۇماندارىدىن 502نى قولغا چۈشۈرگەن.

ئوتتۇرا ئەترەت 6 ـ بەننىڭ بەنجاڭى ما يۈەنگاڭ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ مۇنداق دېدى: «مەن ۋەن ئەترەت باشلىقى يېتەكلىگەن يېڭى ئەسكەر، پېشقەدەم ئەترەت باشلىقى گەرچە بىزدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ روھى مەڭگۈ بىز بىلەن بىللە.» ئوتتۇرا ئەترەت ۋەن جىنگاڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىنى «ۋەن جىنگاڭدىن ئۆگىنىش باش تېما كۈنى» قىلىپ بېكىتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى تەكرارلاشقا تەشكىللىدى، «مېنىڭ قەھرىمانلىق يولۇم» باش تېما نۇتقى سۆزلەشنى قانات يايدۇردى ھەم بۇ كۈننى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ كوللېكتىپ تۇغۇلغان كۈنى قىلىپ بېكىتتى. «ۋەن جىنگاڭ» روھى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا چاقناپ، كۆپچىلىكنى مەشىق قىلىپ ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈپ، تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن بارلىق ۋەقەلەرنى ھەر ۋاقىت بىر تەرەپ قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى.

ھەرىكەت سۆزدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ گازارما رايونى پۈتۈن تارماق ئەترەت بويىچە ئەڭ كىچىك بولسىمۇ، لېكىن مەشىق نەتىجىسى تارماق ئەترەتتە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ئاممىۋى خاراكتېرلىك ھەربىي مەشىق ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدە، ئوتتۇرا ئەترەتتىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەلا نەتىجىگە ئېرىشتى. 2019 ـ يىلى، ئوتتۇرا ئەترەت 1 ـ پەيىنىڭ پەيجاڭى قاسىمجان كېچىدە ئەمەلىي قارىغا ئېتىشتىن ئىبارەت بۇ تۈردە، ئون پاي ئوقنى ئۈزۈپ ئېتىپ ھەممىنى نىشانغا تەگكۈزۈشتەك نەتىجە بىلەن تارماق ئەترەتنىڭ رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

قەھرىمان يىقىلدى، سەپداشلىرى بايراقنى كۆتۈرۈپ، تاماملانمىغان ئىشلارنى داۋاملاشتۇردى. ۋەن جىنگاڭ قۇربان بولغاندىن كېيىن، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى «‹جىنگاڭ› روھىدىن ئۆگىنىش، ‹جىنگاڭ› ماھارىتىنى مەشىق قىلىش، ‹جىنگاڭ› ۋارىسى بولۇش» پائالىيىتىنى سىجىل قانات يايدۇرۇپ، زور بىر تۈركۈم تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش باتۇرلىرىنى تەربىيەلىدى.

# قىزىل بايراقتىكى ئوردېن —— خۇ شيۇداۋ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چېڭدۇ، 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر شى جياۋ)** سىچۈەن ئۆلكىسى چېڭدۇ شەھىرى لۇڭچۈەنشەننىڭ شەرقىدىكى بىر ئېدىرلىق ياپيېشىل قارىغاي ۋە ئارچىلار بىلەن قاپلانغاندى. قىشتىكى قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇرغان تامدىكى قىزىل بايراق تۆت ئوردېن بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، بۇلار شاڭگەنلىڭ جوققىسىدا تەڭداشسىز تۆھپە قوشقان خۇ شيۇداۋغا مەنسۇپ، بۇ شەرەپ ھازىرغىچە ئەۋلادلار تەرىپىدىن قەدىرلىنىپ كەلمەكتە.



خۇ شيۇداۋنىڭ سۈرىتى (ماتېرىيال سۈرەت).

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

«خۇ شيۇداۋ كەنتىمىزدىن چىققان قەھرىمان! بىز ئۇنى مەڭگۈ ئەسلەيمىز، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىمىز» دېدى سىچۈەن ئۆلكىسى چېڭدۇ شەھىرى جىنتاڭ ناھىيەسى جىنلۇڭ بازىرىنىڭ جىڭيىنسى كەنتى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى چېن لىشيۇ. كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ يېنىدا، خاتىرە كۆرگەزمىخانىسى ئېچىلغان بولۇپ، ئۇزۇن ئۈستەلگە ئالا ـ بۇلماچ رەخت يېپىلغان، تامغا جۇڭگو خەلق پىدائىيلار ئارمىيەسىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئۇرۇش قەھرىمانى خۇ شيۇداۋنىڭ رەسىمى ئېسىلغانىدى.

خۇ شيۇداۋ 1931 ـ يىلى تۇغۇلغان، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ جىنتاڭ ناھىيەسىدىن. 1951 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، جۇڭگو خەلق پىدائىيلار ئارمىيەسىگە قاتنىشىپ، چاۋشيەنگە بېرىپ جەڭ قىلغان. 1953 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، ئۇ جەڭدە باتۇر، قەيسەر بولۇپ، قۇربان بولۇشتىن قورقمايتتى.

1952 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، شاڭگەنلىڭ جوققىسى جېڭىدە، خۇ شيۇداۋ قاتارلىق ئۈچەيلەن 597.9 ئېگىزلىكتىكى 3 ـ نومۇرلۇق ئىستىھكامنى ساقلاشقا مەسئۇل بولغان. 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە، دۈشمەن قوشۇنى ئايروپىلان، زەمبىرەكلەرنىڭ ھىمايىسىدە ئىستىھكامغا ھۇجۇم قوزغىغان. خۇ شيۇداۋ ئۈچەيلەن باتۇرلارچە قايتۇرما زەربە بېرىپ، ئۇدا ئۈچ سائەت جەڭ قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئون قېتىمدىن ئارتۇق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرگەن. كېيىن خۇ شيۇداۋنىڭ بەنجاڭى 9 ـ نومۇرلۇق ئىستىھكامغا ياردەم بېرىشكە يۆتكەپ كېتىلىپ، خۇ شيۇداۋ ئىككىيلەن داۋاملىق ئىستىھكامنى چىڭ ساقلاپ، يەنە ئۇدا دۈشمەننىڭ ئون قېتىمدىن ئارتۇق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرگەن. 10 ـ نومۇرلۇق ئىستىھكامنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغانلىقىنى بايقىغاندا، ئۇ پارتلىتىش تۇرۇبىسىنى كۆتۈرۈپ، سەپداشلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم بېرىشكە يېتەكلەپ، دۈشمەننىڭ پىلمۇت ئوت كۈچىنىڭ قامال قىلىشىغا قارىماي، ئالدى بىلەن پايدىلىق ئېگىزلىككە چىقىپ، ئىستىھكامغا بۆسۈپ چىققان دۈشمەنلەرنى چېكىندۈرگەن.

بىر كۈن شىددەتلىك جەڭ قىلىش ئارقىلىق، خۇ شيۇداۋ سەپداشلىرىنى باشلاپ دۈشمەننىڭ 40 نەچچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، 280دىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقىتىپ، ئۇرۇش تارىخىدا مۆجىزە ياراتقان.

1953 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، جۇڭگو خەلق پىدائىيلار ئارمىيەسى رەھبەرلىك ئورگىنى خۇ شيۇداۋنى ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەڭگە ئېلىپ، «بىرىنچى دەرىجىلىك قەھرىمان» دەپ نام بەرگەن. شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئۇ چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇرۇش قەھرىمانلىرى قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان، چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى ئالىي خەلق مەجلىسىنىڭ دائىملىق كومىتېتى ئۇنىڭغا «چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى قەھرىمانى» دېگەن نام ۋە ئالتۇن يۇلتۇز مېدالى، بىرىنچى دەرىجىلىك دۆلەت بايرىقى ئوردېنى بەرگەن. ئۇ 3 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەملىكەتلىك 9 ـ، 10 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلانغان.

ئۇنى ئۆلۈم ئالدىدا قەھرىمان، شەرەپ ئالدىدا نەمۇنىچى دېيىشكە بولىدۇ. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى مەلۇم جىتۈەنجۈننىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى بولغان خۇ شيۇداۋ 1988 ـ يىلى ھەربىي ئۇنۋان تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى پېنسىيەگە چىققان. ئۇ تەمكىنلىك بىلەن مۇنداق دېدى: ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇش بىر قېتىملىق سىناق، ھەر قېتىملىق سىناقتا بەرداشلىق بېرەلىگەندىلا ئاندىن كوممۇنىست ھېسابلىنىدۇ.

پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، ئۇ دائىم ئاساسىي قاتلامدىكى لىيەندۈيلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە ئەنئەنە توغرىسىدا دوكلات بەرگەن، يەنە بىرنەچچە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ پەخرىي مەكتەپ مۇدىرى ياكى مەكتەپ سىرتىدىكى يېتەكچىسى بولغان، شۇجۇۋ شەھەرلىك ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەكلىپ قىلىنغان. 2002 ـ يىلى 3 ـ ئايدا كېسەل بىلەن نەنجىڭدا ۋاپات بولغان.

«ئۇ پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، بەزىدە كەنتكە قايتىپ زىيارەت قىلىپ، ئەينى يىللاردىكى سەپداشلىرى بىلەن سەپداشلىق مېھرى توغرىسىدا كەڭ ـ كۇشادە پاراڭلىشاتتى، ھەمىشە كەنتكە قۇربىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرەتتى. ئۇنىڭ روھى قىزىل بايراقنى زىننەتلىگەن ئوردېنغا ئوخشاش بىزنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە مەڭگۈ رىغبەتلەندۈرىدۇ.» چېن لىشيۇ مۇنداق دېدى: خۇ شيۇداۋ روھىنىڭ تەسىرىدە، كەنتىمىزدە ياشلار بەس ـ بەستە ھەربىي سەپكە قاتنىشىدىغان شەرەپلىك ئەنئەنە شەكىللىنىپ، كەنتىمىز يىراق ـ يېقىنغا تونۇلغان ئارمىيەنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىلىك كەنتكە ئايلاندى.

# تاڭ شيۇۋېي: بۇلاڭچى باندىت بىلەن باتۇرانە ئېلىشىپ قۇربان بولۇش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كۇنمىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ۋاڭ يەن)** ئۇنىڭ ئىسمى تاڭ شيۇۋېي، غەربىي جەنۇب چېگراسىدىكى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ ۋېنشەن جۇاڭزۇ ـ مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ بىر ئادەتتىكى ساقچىسى. ھامىلدار ئايال تۇتقۇن قىلىنغاندا، ئۇ كەسكىنلىك بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، بۇلاڭچى باندىت بىلەن باتۇرانە ئېلىشىپ، قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغان. ئۇنىڭ شەپقىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاش ئۈچۈن، قۇتقۇزۇۋېلىنغان ھامىلدار ئايال قىزىغا «سى ۋېي» دەپ ئىسىم قويغان.

تاڭ شيۇۋېي 1968 ـ يىلى تۇغۇلغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى، ۋېنشەن ئوبلاستىنىڭ يەنشەن ناھىيەسىدىن. 1988 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ئۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ساقچى ئاپشاركىسى تېخنىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان. يەنشەن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدە، ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ پىڭيۈەن شۆبە ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتى، جيايى ساقچىخانىسى، پىڭيۈەن ئايرودرومى ساقچىخانىسى، پىڭيۈەن شۆبە ئىدارىسى 110 ساقچىغا مەلۇم قىلىش مۇلازىمەت سۇپىسىدا خىزمەت قىلغان. ساقچى بولغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇ تۈرلۈك جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 329نى پاش قىلىشقا قاتنىشىپ، 457 جىنايەت گۇماندارىنى تۇتقان.

2000 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كەچ سائەت 9دىن ئاشقاندا، يەنشەن ناھىيەسىدە سىم ـ سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. پىڭيۈەن شۆبە ئىدارىسى 110 ساقچىغا مەلۇم قىلىش مۇلازىمەت سۇپىسى تۇيۇقسىز بۇلاڭچى باندىتنىڭ بىرەيلەننى تۇتقۇن قىلىۋالغانلىقى توغرىسىدىكى ساقچىغا مەلۇم قىلىش تېلېفونىنى قوبۇل قىلدى. تاڭ شيۇۋېي ۋە ئۇنىڭ خىزمەتدىشى دەرھال ئاپتوموبىل ھەيدەپ نەق مەيدانغا ئاتلاندى.

ۋەقە يۈزبەرگەن جاي پىڭيۈەن بازىرىدىن ئاشىپ يېزىسىغا بارىدىغان يولدىكى پىڭسۇڭ ماي قاچىلاش پونكىتىنىڭ ئىچىدە ئىدى. شۇ كۈنى كەچتە، ما XX نىڭ ھامىلدار بولغىنىغا سەككىز ئاي بولغان خوتۇنى ھاجەتخانىغا چىققاندى، نەتىجىدە ھاجەتخانىغا ئەمدىلا كىرىشكە بىر نىقابلىق كىشى ئۇنىڭ بويىنىغا خەنجەر تىرىدى. ما XX خوتۇنىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئېتىلىپ كىردى، لېكىن نىقابلىق كىشى ھامىلدار ئايالنىڭ ھاياتى بىلەن تەھدىت سېلىپ: بەدىنىمگە پارتلاتقۇچ تېڭىقلىق، سەن ساقچىغا مەلۇم قىلما ھەم 100 مىڭ يۈەن ئەكېلىپ بېرىپ، خوتۇنۇڭنى ئېلىپ كەت، دېدى. كەيپىياتنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ما XX قارشى تەرەپكە ئۆزىنىڭ چۈشتىن كېيىن پۇلنى بانكىغا ئامانەت قويۇۋەتكەنلىكىنى، تېلېفون بېرىپ ئۆيىگە قايتىپ، دادىسىدىن پۇل ئالغىلى بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ما XX ئۆيىگە تېلېفون بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ دادىسى دەرھال ساقچىغا مەلۇم قىلدى ھەم 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇلنى ئېلىپ نەق مەيدانغا قاراپ ماڭدى.

كەچ سائەت 10لار ئەتراپىدا، دېلو مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغان تاڭ شيۇۋېي ۋە ئۇنىڭ خىزمەتدىشى ماي قاچىلاش پونكىتىغا يېتىپ كەلگەندە، بۇلاڭچى باندىت تۇتقۇنى ھاجەتخانە ئىشىكىگە قىستاپ ئاپىرىپ، ما ئاتا ـ بالىغا پۇلنى ماشىنا كۆرسەتكەندىن كېيىن ئاپتوموبىلنىڭ ئىچىگە قويۇپ قويۇپ، يەنە مېنى بۇ يەردىن ئېلىپ كەت، ئۇنداق قىلمايدىكەنسەن تۇتقۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، دەپ تەھدىت سېلىۋاتاتتى. تاڭ شيۇۋېي خىزمەتدىشى بىلەن جىددىي تەدبىر ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى، لېكىن بۇ چاغدا، ۋاقىتنى قەستەن كەينىگە سوزۇپ تۇرۇۋاتقان ما ئاتا ـ بالا غالجىرلىشىپ ئەسەبىيلەشكەن بۇلاڭچى باندىتنىڭ سەل چاتاقلىقىنى سەزدى، ئۇ يەنە بىر قېتىم قارشى تەرەپكە مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىلسەن، ئۇنداق قىلمايدىكەنسەن دەرھال تۇتقۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، ئاندىن پارتلاتقۇچنى پارتلىتىپ مەنمۇ تەڭ ھالاك بولىمەن، دەپ تەھدىت سالدى.

ئەھۋال جىددىي ئىدى، ما ئاتا ـ بالا ئامالسىز پۇلنى ئاپتوموبىلنىڭ ئالدىغا قويدى ھەم ئاپتوموبىلنىڭ چىرىغىنى ياندۇردى... بۇلاڭچى باندىت تۇتقۇنى مەجبۇرلاپ تەكشۈرۈش پونكىتىغا كېتىۋاتقان جەرياندا، تاڭ شيۇۋېينىڭ خىزمەتدىشى تاپانچا بىلەن ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى، لېكىن تاڭ شيۇۋېي ئۇنى: بۇلاڭچى باندىت بىلەن تۇتقۇننىڭ ئارىلىقى بەك يېقىن، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بەدىنىدە پارتلاتقۇچ بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جاي ماي قاچىلاش پونكىتى، مۇبادا پارتلاتقۇچقا ئوق تېگىپ ماي باكى پارتلاپ كەتسە، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇردى. ئۇ تەرەپتە ما ئاتا ـ بالا ئاپتوموبىلنى قوزغاتماقچى بولدى، بۇ تەرەپتە تاڭ شيۇۋېي ۋە خىزمەتدىشىنىڭ ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ كەتتى. مۇشۇنداق خەتەرلىك پەيتتە، تاڭ شيۇۋېي تەشەببۇسكارلىق بىلەن تۇتقۇن قىلىنغۇچىنىڭ ئائىلە ئەزاسى قىياپىتىدە ياسىنىپ، ئاپتوموبىل ھەيدەشكە مەسئۇل بولۇشنى، ئاپتوموبىلغا چىققاندىن كېيىن ئاندىن پۇرسەت تېپىپ بۇلاڭچى باندىتنى بويسۇندۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكى بىلەن قىلچە ئويلاشماي، تېزدىن ساقچى كىيىمىنى سېلىپ، كابىنكىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئاپتوموبىلنى قوزغاتماقچى بولغان ما XX بىلەن ئالماشتى.

ئاپتوموبىل ئوت ئالدى، بۇلاڭچى باندىت تۇتقۇننى مەجبۇرلاپ ئاپتوموبىلنىڭ ئوڭ تەرىپىگە كېلىپ، ئاپتوموبىلنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ تۇتقۇننى ئاپتوموبىلغا سۆرەپ چىقماقچى بولدى. تۇتقۇن قىلىنغۇچى كەسكىن قارشىلىق كۆرسەتتى، تاڭ شيۇۋېي ئەھۋالنى كۆرۈپ كەسكىنلىك بىلەن شوپۇرنىڭ ئورنىدىن ئېتىلىپ بېرىپ، بۇلاڭچى باندىتنى ياردەمچى شوپۇرنىڭ ئورنىغا بېسىۋالدى. ئىككى تەرەپ كەسكىن ئېلىشىۋاتقاندا، تۇتقۇن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتتى، بۇلاڭچى باندىت قاتتىق غەزەپلەنگەن ھالدا پىچاقنى ئېلىپ تاڭ شيۇۋېينىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە تىقتى، تاڭ شيۇۋېينىڭ سول يوتىسىنىڭ ئارتېرىيە تومۇرى يېرىلىپ، قىپقىزىل قان ئېتىلىپ چىقتى، بۇلاڭچى باندىت ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن قاچماقچى بولدى، تاڭ شيۇۋېي قاتتىق ئاغرىققا چىداپ ئۇنى چىڭ تۇتۇۋالدى... ئاخىردا، بۇلاڭچى باندىت يەنە بىر خەلق ساقچىسى ۋە ما ئاتا ـ بالا تەرىپىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك كونترول قىلىندى.

دوختۇرخانىغا ئاپىرىش يولىدا، تاڭ شيۇۋېي قان كۆپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن، قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى.

بۇلاڭچى باندىت تۇتۇلغاندىن كېيىن، ساقچى تەرەپ ئۇنىڭ يېنىدىن بىر يۈگەم پارتلاتقۇچ دورا، ئىككى تال پىستان، ئىككى تال پارتلىتىش پىلتىسى، بىر تال خەنجەرنى قولغا چۈشۈردى. سوراق قىلغاندا ئۇ: «مەن ئۆزۈمنى ئۆلۈمدىن قورقمايمەن دەپتىكەنمەن، بۇ ساقچىنىڭ مەندىن بەكرەك ئۆلۈمدىن قورقمايدىغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتىمەن» دېدى. تاڭ شيۇۋېي ئۆزىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە، ئاممىنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى قولغا كەلتۈردى؛ ئۆزىنىڭ ساداقىتى بەدىلىگە، ساقچىلىققا كىرىش قەسىمىنى يېزىپ چىقتى.

2000 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، تاڭ شيۇۋېيغا جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى «1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، تاڭ شيۇۋېي ھاياتى بەدىلىگە قوغداپ قالغان ئاما ئۇنى ئۇنتۇپ قالمىدى. قۇتقۇزۇۋېلىنغان ھامىلدار ئايال كېيىن بىر قىز تۇغدى، ئۇ بالىسىغا «سى ۋېي» دەپ ئىسىم قويدى. ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن سى ۋېي بۇلتۇر يەنە ئالايىتەن ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا بېرىپ شەپقەتچىسىنى يوقلىدى.

ئۇنىڭ بىلەن دائىم بىللە بولىدىغان خىزمەتداشلىرى ئۇنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ھەر يىلى چىڭمىڭ كۈنى يېتىپ كەلگەن پەيتتە، يەنشەن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى خەلق ساقچىلىرىنى مالىپو ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا بېرىپ، ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ روھىغا تەزىيە بىلدۈرۈشكە تەشكىللەيدۇ. بۇ چاغدا، تاڭ شيۇۋېينىڭ ئابىدىسىنىڭ ئالدىغا ھامان ئۇلار تەقدىم قىلغان گۈللەر قويۇلىدۇ. قەھرىمان مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ روھى ۋە ئىرادىسى يەنشەن خەلق ساقچىلىرىنى جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرمەكتە.

ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى ئىزچىل چوڭقۇر ياد ئېتىپ كەلمەكتە. تاڭ شيۇۋېي قۇربان بولغاندا ئوغلى تاڭ لېي تېخى سەككىز ياشقىمۇ كىرمىگەنىدى. دادىسىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە خەلق ساقچىلىرىنىڭ قەسىمىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەنلىكىدىن تاڭ لېي چەكسىز ئىپتىخارلاندى، پەخىرلەندى ھەم بىر خەلق ساقچىسى بولۇش ئىرادىسىنى تىكلىدى. كۆپ يىل تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق، تاڭ لېي ئەلا نەتىجە بىلەن جۇڭگو خەلق جامائەت خەۋپسىزلىكى داشۆسىگە قوبۇل قىلىندى. 2014 ـ يىلى ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقى ۋە كۆتۈرەڭگۈ كۆرەش ئىرادىسى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە ئاتلاندى، يۈننەن ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى قاتناش ساقچىلىرى باش ئەترىتىدە خىزمەت قىلغان مەزگىلدە، ئۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتناش باشقۇرۇش پەن ـ تېخنىكا ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆپ قېتىم مۇكاپاتلاندى. تاڭ لېي مۇنداق دېدى: دادامنىڭ خەلق ساقچىلىرى خەلقنى كۆزلىشى كېرەك! دېگەن سەممىي تەلىمنى مەڭگۈ ئەستە چىڭ ساقلايمەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)